# 271110 ـ يەرنىڭ ۋە زىرائەتنىڭ چىقىملىرى زاكاتتىن چۈشۈرۈۋېتىلەمدۇ؟

## سۇئال

مەن قىزىل ماش ۋە زىرە قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ زاكىتى توغرىسىدا سوئال سورىماقچى، بەزى پەتىۋالاردىن زىرىگە زاكات كەلمەيدۇ دېگەننى ئاڭلىدىم، ئەگەر زاكات بېرىدىغان بولساق، زىرائەت يامغۇر بىلەن سۇغىرىلىدىغان زېمىندىن ئېلىنغان بولسا، قانچىلىك بېرىمىز؟، ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، زېمىنغا زىرە ۋە ماش تېرىغاندا زېمىننى زىيانلىق ئۆت-چۆپلەرنى تازىلاش ئۈچۈنمۇ خېلى كۆپ چىقىم كېتىدۇ، ئەگەر بۇغداي ۋە ئارپا تېرىساق بۇنداق ئارتۇق چىقىم بولمايدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## ئىنچام جاۋاپ

زېمىنغا زىرە، ماش، بۇغداي ۋە ئارپا تېرىغاننىڭ ئارىسىدا ھېچ پەرق يوق، زېمىننىڭ سۇغىرىلىش ھېسابى بويىچە ئوندىن بىرى يىگىرمىدىن بىرى ئايرىلىدۇ، بۇ جەرياندا سەرپ قىلىنغان، زېمىننى تازىلاش، يەر ئاغدۇرىدىغان ۋە ئورايدىغان ماشىنىلارغا ماي قۇيۇش، سۇغۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىنغان چىقىملارغا قارالمايدۇ.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: زېمىندىن چىقىدىغان نەرسىلەردىن زاكات پەرىز بولىدىغانلىرى توغرىسىدا ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشتى.

بىرىنچى ئىمام مالىك ۋە شافىئى مەزھىپىدە: كىلولاپ ساقلىغىلى بولىدىغان ئوزۇقلۇقلاردا زاكات پەرىز بولىدۇ دېيىلىدۇ.

ئىككىنچى ھەنەفى مەزھىپىدە: زىرائەت تېرىش ئارقىلىق زېمىندىن پايدىلىنىش مەقسەت قىلىنسا، زېمىندىن چىققان ھەممە نەرسىگە زاكات پەرىز بولىدۇ دېيىلىدۇ.

ھەنەفى مەزھىپىدە يەنە: سەي-كۆكتات، مېۋە-چېۋە، نۇقۇت، ماش-پۇرچاق قاتارلىق نەرسىلەرگىمۇ زاكات پەرىز بولىدۇ.

ئۈچىنچى ھەنبەلى مەزھىپىدە: كىلۇلىنىدىغان ۋە ساقلىنىدىغان بۇغداي ۋە ئۈزۈمگە ئوخشاش ھەر قانداق مېۋە ۋە دانلارغا زاكات پەرىز بولىدۇ، بۇنىڭ ئوزۇقلۇق بولىشى شەرت قىلىنمايدۇ، نۇقۇت، زىرە، بەدىيان ۋە بىخلىنىدىغان دانلارغىمۇ بۇغداي ۋە

ئارپا قاتارلىق نەرسىلەرگە زاكات پەرىز بولغاندەك پەرىز بولىدۇ. ["رەۋزۇل مۇربىئ"نىڭ تەتقىقاتىنىڭ ئەتراپھاشىيەسىگە قارالسۇن، 3-توم 79-بەت].

"كەشپۇل قىنا'2-توم 203-بەتتە مۇنداق كەلگەن: "كىلۇلىنىدىغان ۋە ساقلىغىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە زاكات پەرىز بولىدۇ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەش ۋەسەقتىن ئاز نەرسىدە زاكات پەرىز بولمايدۇ» (يەنى زېمىندىن چىققان نەرسىنىڭ مىقدارى بەش ۋەسەق(650) كىلو ئەتراپىدا بولىشى كېرەك بۇنىڭدىن ئاز بولسا زاكات كەلمەيدۇ) ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ ئومۇمى مەزمۇنىدىن بەش ۋەسەقكە يەتمەيدىغان نەرسە مەقسەت قىلىنمايدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، بەش ۋەسەق دەپ ئۇنى ئوچۇق سۆزلەش بىكار سۆز بولۇپ قالاتتى، چۈنكى ساقلىغىلى بولمايدىغان نەرسىدە ئۇنى مال دەپ پايدىلىنىش بولمىغاندىن كىيىن ئۇنىڭدا نېمەت مۇكەممەل بولمايدۇ. بۇغداي، ئارپا. گۈرۈچ، تېرىق قاتارلىق ئوزۇقلۇق قىلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئوزۇقلۇق قىلىنمايدىغان نەرسىلەرنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە بايان قېلىنىدۇ.

بۇغداي، ئارپا، تۇز، يېسىمۇق، ماش، لوۋىي، كۆك سەيلەر يۇمغاق سۆتكە ئوخشاش، زىرە، كۈنجۈت، سىيادان قاتارلىق دانلارنىڭ ھەممىسىگە زاكات پەرىز بولىدۇ".

بۇ ئاخىرقى كۈچلۈك قاراش، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەش ۋەسەقتىن ئاز نەرسىدە زاكات پەرىز بولمايدۇ»، بىر ۋەسەق (135 كىلو) ئاتمىش سا-(بىر سا 2.250 كىلو گىرام)- جىڭلانمايدىغان ۋە كىلۇلانمايدىغان، ساقلىغىلى بولمايدىغان ۋە مال دەپ مەنپەئەتلەنگىلى بولمايدىغان، نېمەت ئۇنىڭ بىلەن مۇكەممەل بولمايدىغان نەرسىلەرگە زاكات كەلمەيدۇ.

ئومۇمى ھەدىسلەر ئوزۇقلۇق قىلىنىدىغان ۋە ئوزۇقلۇق قىلىنمايدىغان نەرسىلەردىن كىلۇلىنىدىغان نەرسىلەر بولسىلا ئۇنىڭغا زاكات كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىدىكى دەلىللەرگە ئاساسەن: يېسىمۇق ۋە زىرە قاتارلىق نەرسىلەرگىمۇ زاكات پەرىز بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىككىسىمۇ كىلۇلىنىدىغان ۋە ساقلىغىلى بولىدىغان دانلاردىن، يېسىمۇق ئوزۇقلۇق قىلىنىدۇ، زىرە ئوزۇقلۇق قىلىنمايدۇ.

ئىككىنچى: زېمىندىن چىققان نەرسىلەردە زاكات زېمىننى سۇغارغان سۇ مەنبىيگە كۆرە ئوندىن بىرى ياكى يىگىرمىدىن بىرى پەرىز بولىدۇ.

پىقھى توپلاملىرى" 23-توم 288-بەتتە مۇنداق كەلگەن: "زېمىن يامغۇر سۈيى، دەريالاردىن كەلگەن سۇ، چېلەك ، تۇلۇم قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن توشماستىن سۇغۇرۇلغان، سۇغا يېقىن جايغا تېرىلغان زىرائەتلەر مەخسۇس سۇغۇرۇلماستىن سۇنى يىلتىزى سۈمۈرۈپ سۇغۇرۇلغان زېمىنلار بولسا -ئومۇمەن بەدەلسىز سۇغۇرۇلغان زېمىنلار - ئۇ يەردىن چىققان مەھسۇلاتلارغا ئوندىن بىر زاكات-ئۆشرە-كېلىدۇ.

بەدەل تۆلەپ سۇغۇرۇلغان زىمىنلارغا يىگىرمىدىن بىر زاكات ـ ئۆشرە ـ كىلىدۇ، مەيلى بۇ زىمىننى سۇنى پۇلغا ئىلىپ سۇغارسۇن ياكى چىغىرىق چىلەك، تولۇم ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن سۇ ئەكىلىپ سۇغارغان بولسۇن ئوخشاشلا يىگىرمىدىن بىر بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش دەريادىن ئىرىق ئىچىپ ئىتىزلىققا سۇ كەلتۈرگەن بولسا، سۇنى ئىتىزلىققا بىۋاستە يەتكۈزەلمەي، چىلەك، تۇلۇم، چىقىرىقلار بىلەن يەتكۈزگەن بولسىمۇ ئوخشاشلا يىگىرمىدىن بىرى كىلىدۇ. چۈنكى سۇنى ئىتىزلىققا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بەدەل ياكى ئەمگەككە ئىھتىياجلىق بولدى.

ئالىملار بۇنىڭغا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل قىلدى: «يامغۇر سۈيى، بۇلاق سۈيى ۋە سەل سۇلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان زىمىندىن چىققان مەھسۇلاتقا ئوندىن بىر زاكات ـ ئۆشرە ـ كىلىدۇ، چىلەك، تولۇم ۋا چىقىرىقلار بىلەن سۇغۇرۇلغان زىمىندىن چىققان مەھسۇلاتقا يىگىرمىدىن بىر زاكات ـ ئۆشرە كىلىدۇ".

كۆپرەك كۈچ چىقارغان زىمىندىن چىققان مەھسۇلاتقا زاكاتنىڭ ئازراق پەرىز بولىشىدىكى ھىكمەت: بەدەلنىڭمۇ زىرائەتنىڭ ئاز ھوسۇل بىرىشىگە تەسىرى بولىدۇ.

ئەگەر زىمىن دەريا سۈيى ياكى يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغۇرلۇش ئۈچۈن ئىرىق ئىچىشقا ئىھتىياجلىق ئىكەن، سۇنى بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە يۆتكەيدىكەن، ياكى سۇنى ماڭدۇرىدىغان ياكى ئۆستەڭ قازىدىغان ئىشلارغا ئىھتىياجلىق بولىدىكەن، بۇ ئىشلار بەلگىلەنگەن زاكات ئۆلچىمىنى كىمەيتىشكە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

ئەگەر زىمىننىڭ يىرىمى بەدەل بىلەن يەنە يىرىمى بەدەلسىز سۇ بىلەن سۇغۇرۇلغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئىلىنىدىغان زاكات ـ ئۆشرە ـ ئونبەشتىن بىر بولىدۇ.

ئەگەر زىمىننىڭ يىرىمىدىن كۆپرەكى بەدەلسىز قالغان قىسمى بەدەل بىلەن سۇغۇرۇلغان بولسا، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارشىدا سۇغۇرۇش قايسى شەكىلدە كۆپ بولغان بولسا شۇ كۈچكە ئىگە بولىدۇ، ئازنىڭ ھۆكمى چۈشۈپ كىتىدۇ.

بەزى ئالىملار ھەر ئىككىسى ئۆز مىقدارى بىلەن ھىسابلىنىدۇ دەيدۇ.

ئۈچىنچى: دىھقاننىڭ يەرنى تۈزلەش ۋە تازىلاش ئۈچۈن چىقىم قىلغان نەپىقىلىرىنىڭ زاكاتقا تەسىرى بولمايدۇ، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك ياكى ئوندىن بىرى ياكى يىگىرمىدىن بىرى پەرىز بولىدۇ.

لىكىن ھەنبەلى مەزھىپىدە، ئەگەر يەرگە سەرپ قىلغان نەپىقە قەرىز ئىلىنغان بولسا، يەر ئىگىسى ئۆشرىنى ھىسابلاشتىن ئىلگىرى بۇ قەرزنى ئايرىۋىتىدۇ.

ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: "دىھقانچىلىق قىلىش ۋە شۇ جەريانىدا ئائىلىسىگە خىراجەت قىلىش ئۈچۈن باشقىلاردىن قەرىز ئالغان بولسا، ئۆشرىنى ئايرىشتىن ئىلگىرى يەرگە سەرپ قىلغان قەرزنى ئايرىۋىتىدۇ، ئائىلىسىگە سەرپ قىلغاننى ئايرىمايدۇ".

["ئەلمۇغنى" 3-توم 30-بەت. "پىقھى توپلاملىرى"23-توم 288-بەتكە قارالسۇن].

تۆۋەندە ھەر قايسى مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ بۇ توغرىدىكى قارشىنى بايان قىلىمىز:

1-ھەنەفى مەزھەپ ئالىملىرىدىن مىرغىينانىي"ئەل ھىدايە" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:"زېمىندىن چىققان ھەر قانداق نەرسىدە ئوندىن بىر ئۆشرە كېلىدۇ، بۇنىڭدىن يەر ئاغدۇرغان ۋە ساپان سۆرگەننىڭ ئىش ھەققىنى چىقىرۋەتمەيدۇ"، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام يەرگە كېتىدىغان بەدەللەر پەرىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان ئۆشرىگىمۇ پەرىقلىق ھۆكۈم قىلدى، چىقىمنى كۆتۈرۈۋېتىشنىڭ بىر مەنىسى يوق". ["پەتھىل قەدىر ئەلەل ھىدايە" 2-توم 250-بەت].

2-مالىكى مەزھەپ ئالىملىرىدىن ھەتتاب "مەۋاھىبۇل جەلىيل" ناملىق ئەسەرىنىڭ 2-توم 285-بەتتە مۇنداق دېگەن: "دېھقاننىڭ زىرائەتنى ئوراش، خامان سورۇش، ئۆزۈش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلەتكەن چىقىملىرى ئۆزىگە ھېسابلىنىدۇ، تېپىۋېلىنغان زەيتۇن بولسىمۇ ھېسابلىنىدۇ، مۇئەييەن بىر مىقدارغا يەتسۇن ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق بولسۇن ئۇنىڭغا زاكات بېرىدۇ".

3-شافىئى مەزھىپىدىكى ئالىملاردىن ئىمام نەۋەۋىي "ئەل مەجمۇئ" 5-توم 450-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "بىزنىڭ شافىئى مەزھىپىدىكى ھەمراھلىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: "خورمىنى ئۈزۈش، قۇرۇتۇش، دانلارنى ئوراش، كۆتۈرۈش، خامان سورۇش، سامانلىرىنى ئايرىش، ساقلاش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارغا سەرپ قىلىنغان چىقىملار زىرائەت ئىگىسىنىڭ خالىس مېلىدىن بولىدۇ، بۇ زاكات ئايرىيدىغان مالدىن چىقىرۋېتىلمەيدۇ، بۇنىڭدا ئىختىلاپ يوق، ئەگەر زاكات ئايرىيدىغان مالدىن بۇنى چىقىرىۋەتكەن بولسا، چىقىرىۋەتكەن مالنىڭ زاكىتىنى ئايرىم بېرىدۇ، بىزنىڭ قارشىمىزدا بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ يوق".

5-ھەنبەلى مەزھىپىدىكى ئالىملاردىن ئىبنى قۇدامە "ئەلمۇغنى" 3-توم 18-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "مېۋىنى ئۈزۈشتىن تاكى ئامبارغا ئەكىرگەنگە قەدەر كەتكەن چىقىملارمېۋە ئىگىسىگە بولىدۇ، چۈنكى مېۋە دېگەن چارۋىغا ئوخشاش بولۇپ، چارۋىنىڭ ساقلاش، بېقىش قاتارلىق چىقىملىرىنىڭ ھەممىسى چارۋا ئىگىسىگە بولىدۇ، بۇمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاشتۇر".

دائىمىي كومىتېت ئالىملىرىدىن بىر كىشى: "مېنىڭ زەيتۇن تىككىلگەن بېغىم بار، باغنى يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغۇرىمەن، بۇنىڭغا ئوندىن بىر كېلىدىغانلىقى مەلۇم، لېكىن بۇ باغنىڭ يەنە باشقا چىقىملىرى بار، مۇھاپىزەت قىلىش، ئوغۇتلاش، مېۋىنى ئۈزۈش قاتارلىقلار، بەزى ۋاقىتتا چىققان مەھسۇلاتنىڭ تۆتتىن بىرى چىقىمغا كېتىپ قالىدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا، چىققان مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسىگە زاكات كېلەمدۇ ياكى كەتكەن چىقىملارنى ئايرىۋېتىپ قالغىنىغا زاكات كېلەمدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇلار مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: "زەيتۇنغا زاكات بېرىش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ بار، شۇنداقتىمۇ ئېھتىياتەن چىققان مەھسۇلات زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە، ئۇ بولسىمۇ بەش ۋەسەق، بىر ۋەسەق پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كەمچىسىدە ئاتمىش سا بولىدۇ (650 كىلو گىرام) بولىدۇ، زاكاتنىڭ مىقدارى چىققان مېۋىنىڭ ئوندىن بىرى بولىدۇ، ئەمما كەتكەن چىقىملار ئومۇمى مەھسۇلاتتىن چىقىرۋېتىلمەيدۇ، چىققاننىڭ ھەممىسىگە زاكات كېلىدۇ". ئاللاھ تائالا مۇۋەپپەق قىلسۇن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت، سالامى بولسۇن. "سەئۇدى ئەرەبىستان

ئىلمى تەتقىقات، دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى ئەزالىرى: ئابدۇلئەزىز ئال شەيخ، سالىھ پەۋزان، ئابدۇللاھ غۇدەييان، ئابۇرەززاق ئەپىپى. ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز قاتارلىقلار". ["دائىمي كومىتېت پەتىۋاسى ئىككىنچى توپلام" 8-توم 51-بەت].

سۆزنىڭ خۇلاسىسى: زىرە، يېسىمۇق، بۇغداي، ئارپا قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئارىسىدا ھېچ پەرق يوق، زېمىننى سۇغۇرۇش ھېسابى بىلەن چىققان مەھسۇلاتقا ئوندىن بىر ياكى يىگىرمىدىن بىر ئۆشرە -زاكات_كېلىدۇ.

زېمىننى تازىلاش، ماشىنىلارغا ماي قۇيۇش، يەر ئاغدۇرۇش ۋە سۇغۇرۇش ھەققى قاتارلىق چىقىملارغا قارالمايدۇ، چىققان مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسىگە كېلىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.